# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
新疆日报网: www.xjdaily.com
新疆日报

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
24
شەنبە
维吾尔文 8月24日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24797 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك
## جۇڭگو ــ شەرقىي شىمالىي ئاسىيا كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 12 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ــ شەرقىي شىمالىي ئاسىيا كۆرگەزمىسى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جىلىننىڭ چاڭچۇندە ئېچىلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ كۆرگەزمىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: شەرقىي شىمالىي ئاسىيا پۈتۈن يەر شارى تەرەققىياتىدا ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رايون ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشكە ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سىجىل يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم بازىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك



8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم بازىسىغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ گەنسۇدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ باش ئوفىتسېرلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلماقتا.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لەنجوۋ، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار لى شۈەنلياڭ، جاڭ يۈچىڭ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم بازىسىغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋر پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

8 ـ ئايدىكى گەنسۇ زېمىنىنىڭ ئاسمىنى كۆك، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، ھەممە يەر ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10لار ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم بازىسىغا كەلدى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ گەنسۇدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ باش ئوفىتسېرلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى، كۆپچىلىك بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش مەركىزىدە، كوماندىر ـ جەڭچىلەر جىددىي، تەرتىپلىك خىزمەت قىلىۋاتاتتى. شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، نۆۋەتچىلىك ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئالاقىدار تونۇشتۇرۇشلارنى ئاڭلىدى، ئۇرۇش تەييارلىقى نۆۋەتچىلىكى ۋە مەشىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق بازىدىكى ئالاقىدار قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. مەلۇم رادار پونكىتى دېڭىز يۈزىدىن 3600 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، يىل بويى ئۇرۇش تەييارلىقى نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شى جىنپىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوردى، ئۇلارنى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىسلىتىنى ساقلاپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان ساپانى تاۋلاپ، سادىقلىق بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. مەلۇم ترانسپورت قوتقۇزۇش تۇەنى ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئۇدا 30 نەچچە يىل ئايروپىلاندا ئۇرۇق چېچىپ ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. شى جىنپىڭ ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلارنىڭ خەلق ئارمىيەسىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ ـ ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## خەلقنى بېيىتىپ گەنسۇنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش
### ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ گەنسۇنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىسى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي
خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، يۈ شياۋچياۋ

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربى، چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى خېشى كارىدورى خۇددى بىر يېشىل يىپەك لېنتىدەك 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق سوزۇلۇپ، گەنسۇ تۇپرىقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

بۇ يەر ئىلگىرى چوڭ دۆلەت ئارزۇسى باشلانغان جاي ــ 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى غەربىي خەن سۇلالىسى بۇ جايدا تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلىپ، يىپەك يولىنى ئېچىپ، غەربىي يۇرتقا تۇتاشتۇرۇپ، بىرگۈللىنىش دەۋرىنى ئاچقان.

بۈگۈنكى گەنسۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇشنىڭ ھەيۋەتلىك شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى ئالغا سىلجىتىش، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇشتەك تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، مىسلىسىز پۇرسەتكە يۈزلەنمەكتە.

قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، يېڭى دەۋردىكى گۈزەل يىپەك يولىنى ئاچقىلى بولىدۇ؟

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ خېشى كارىدورىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۇنخۇاڭ، جيايۈگۈەن، جاڭيې، ۋۇۋېي، لەنجوۋغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، بەختلىك، گۈزەل، يېڭى گەنسۇ قۇرۇشنى تېزلىتىش، خەلقنى بېيىتىپ گەنسۇنى گۈللەندۈرۈش يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

### ■نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش

«بىز جان ـ دىلىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە پۇقرالارنىڭ بەختىنى كۆزلەيمىز. يول ناھايىتى ئۇزۇن، زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر، بۇ جەھەتتە بىر ئەجىر بىلەن مىڭگۇ راھەت كۆرىدىغان، دەم ئېلىۋالىدىغان ئىدىيە بولماسلىق كېرەك. پەقەت قەتئىي تەۋرەنمەي، ئېگىلمەي ـ سۇنماي، قەتئىي بوشاشمىغاندىلا، ئاندىن دەۋرگە يۈز كېلەلىگىلى، خەلقنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىققىلى بولىدۇ».

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەيلى قەيەرگە بارسۇن، خەلق تۇرمۇشى باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ غەم بولۇپ كەلدى.

بۇ يىل 3 ـ ئايدىكى مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ گەنسۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كېلىپ، لىنشيا ئوبلاستى، گەننەن ئوبلاستى ۋە تيەنجۇ ناھىيەسىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن گەنسۇنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىمەن، بۇ جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن».

مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش ھېسسىياتى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالايىتەن جاڭيې شەھىرىنىڭ شەندەن ناھىيەسى ۋە ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ گۇلاڭ ناھىيەسىگە كېلىپ، مەكتەپلەرگە كىرىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سۈرۈشتۈردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز يۈەن لىي خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئاچتى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى پۇرسەت قىلىنىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەكشۈرۈلۈپ ـ كۆزىتىلىپ، دىققەت ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جېگرا مۇھاپىزەتچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى چۆرىدەپ سۆھبەتلەشتى، كېڭەشتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي　بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

مەخسۇس تۈزەش

مۇخبىرىمىز چاۋ جىن، پراكتىكانت جاڭ شياۋخەن خەۋەر قىلىدۇ: داۋالىنىش سۈغۇرتىسى چەكمە دائىرىسىگە يەنە ئون تۈرلۈك تۈبېركۇليوز كېسىلىگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش تۈرى كىرگۈزۈلدى؛ ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى «قارا قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى» كۆرۈنمەيدىغان بولدى... باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ گەنسۇدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، «مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

### چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ گەنسۇدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، «مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېچىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇماي، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، ئىدىيە مەنبەسىنى چوڭقۇر قېزىپ، كەمچىلىكى، ئەيىبىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلىپ، تۈزىتىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشى، قەلبلەرگە سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك. ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، دائىم ھوشيار بولۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، ھادىسىدىن ماھىيىتىنىمۇ تۈزەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)